# شىنجاڭ گېزىتى

2021 - يىل 3 - ئاي
17
چارشەنبە
维吾尔文 3 月17日
25363 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۋىيانا زۇڭتۇڭى، تىرىنىداد ۋە توباگو زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە گۋىيانا زۇڭتۇڭى ئالى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن گۋىيانانىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، دوستلۇقى ئۇزاق تارىختا ئىگە. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى مول نەتىجىلىك بولدى. بۇلتۇر، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، جۇڭگو - گۋىيانانىڭ ئىككى تەرەپلىك سودىسى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

# «پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل» خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى «‹پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل› خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 2021 - يىلى تۈنجى قېتىم «پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل» خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىشنى قارار قىلدى. بۇ خىزمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتە، پۈتۈن پارتىيەنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىجىل كۈرەش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇقتۇرۇش»تا «پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل» خاتىرە ئىزنىكى تۈنجى قېتىم تارقىتىلىدىغان ئوبيېكتلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، يەنى 2021 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە پارتىيە ئىستاژى 50 يىلغا يەتكەن، ئىپادىسى ئىزچىل ياخشى بولغان ھايات پارتىيە ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىستاتىستىكا قىلىش، تەشكىللەپ تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن خاتىرە ئىزنىكىنى تاپشۇرۇۋېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارغا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

«پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل» خاتىرە ئىزنىكى تۈنجى قېتىم تارقىتىلغاندىن كېيىن، بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمەت سۈپىتىدە، ئادەتتە ھەر يىلى «1 - ئىيۇل»دا بىر قېتىم مەركەزلىك تارقىتىلىدۇ. يېقىندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى «‹پارتىيە قوينىدىكى شەرەپلىك 50 يىل› خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىش، باشقۇرۇش چارىسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، خاتىرە ئىزنىكى تارقىتىش تەرتىپى، تارقىتىش شەكلى، ياساش، باشقۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

# «قىزىل كىچىك ئۆي» قىزىل ئەسلىمىگە ۋارىسلىق قىلدى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن چىڭيەن

ئىزناكلار، سۈرەتلەر، سارغىيىپ كەتكەن ھۆججەتلەر... دەۋر تامغىسى بېسىلغان بۇ تۈرلۈك تەشۋىقات سۈرەتلىرى ماھىر قادىر ئائىلىسىدىكى «قىزىل كىچىك ئۆي»گە رەتلىك تىزىلغانىدى.

«قىزىل كىچىك ئۆي»گە كىرگەن ساياھەتچىلەر يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملارنى تەپسىلىي كۆرگەندە ياكى سىلىغاندا، ئۆزىنى خۇددى ئاشۇ قاينام - تاشقىنلىق يىللاردا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

«‹قىزىل كىچىك ئۆي› ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا جەلپ قىلدى.» 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەكىت ناھىيەسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسى تۇمەنتال كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەريەم ئابلىز مۇنداق دېدى: «‹قىزىل كىچىك ئۆي› چوڭ بولمىسىمۇ، يىراق - يېقىنغا داڭلىق».

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، ئادەمدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، شۇڭا مەن يىغىپ ساقلىغان قىزىل بۇيۇملىرىمنى نامايان قىلىشنى ئويلىدىم.» يىغىپ ساقلاش ئادىتى بار ماھىر ئون يېشىدىن باشلاپلا قىزىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاشقا باشلىغان بولۇپ، 54 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئىزنىكىدىن 273نى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۈرىتىدىن 99نى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ سۈرىتىدىن 250نى، قىزىل كىتابتىن 70نى يىغىپ ساقلىغان.

«بۇ ياشانغان كىشىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، پېشقەدەملەرنىڭ كۈرەش ئىزلىرىنى ياد ئەتتىم. سۈرەتلەر، ماددىي بۇيۇملار، ھېكايىلەر مېنى ئىدىيە ۋە روھىي جەھەتتىن بىر قېتىملىق چوڭقۇر تاۋلىنىشقا ئىگە قىلدى» دېدى ئەمەدىلا «قىزىل كىچىك ئۆي»دىن چىققان كەنت ئاھالىسى ئامانىنسا ئەمەت ھاياجانلانغان ھالدا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 114 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 114 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ بازار سۇبيېكتلىرى تۇرۇشلۇق جاي(تىجارەت سورۇنى)لارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سودا ئىشلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بازار سۇبيېكتلىرى تۇرۇشلۇق جاي(تىجارەت سورۇنى)لارنى تىزىملاش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، كىرىش بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىپ، تۈرلۈك ئورۇن بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق قويۇپ بېرىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى كۈچىنى قوشىمىز

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# مەسئۇلىيەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئادا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ ھەم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى تەشكىللەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى يېتەرلىك بولدى گۈللەندۈرۈش يېڭى خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولايلى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى پەرىزات ئابدۇل

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يەلكەن چىقىرىپ يولغا چىقتى.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈمى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ئۆچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سالمىقى زور، كۆلىمى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە دەل جايىدا كۈچەپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ ئۇدا غەلىبە قىلدى. 2020 - يىلى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، 35 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى يېڭى كەپىيات يارىتايلى



# قار - مۇزلار ئېرىدى، پەسىل قۇشلىرى قايتىپ كەلدى

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاق قۇلار باغراش كۆلى يۈزىدە پەرۋاز قىلماقتا. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، باغراش كۆلىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، كۆپلىگەن پەسىل قۇشلىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار گاھ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، گاھ ئوزۇق ئىزدەپ ئويناپ، گۈزەل بىر پارچە «پەسىل قۇشلىرى جەننىتى» يۈگمە رەسىمنى ھاسىل قىلدى. □ نيەن لېي فوتوسى

# ئۈرۈمچى سەككىز چوڭ تەۋەلىك رايوننى چۆرىدەپ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلدۇ: بۇ يىل، ئۈرۈمچى شەھىرى سەككىز چوڭ تەۋەلىك رايوننى چۆرىدەپ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. نۆۋەتتە، 1 - تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق تۈرلەر جۈشۈرۈلدى، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئىش باشلاش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

سەككىز چوڭ تەۋەلىك رايونى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، ئايرودۇرۇم ئەتراپى ئىقتىسادى رايونى، خېماچۈەن يېڭى رايونى، لياڭخې تەۋەلىك رايونى، كۆرگەزمە مەركىزى تەۋەلىك رايونى، خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزى، خېڭدا تەۋەلىك رايونى، شۈيلۇگۇەن ئىككى قىرغاق تەۋەلىك رايوندىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئىچىدە، خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدىكى نۇقتىلىق تۈرلەر بەينياۋخۇ كۆلى پورت ئەتراپى سانائەت كەسىپلەر باغچىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول پورتى تېز يوللانما مەركىزى — خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ئامباردا ساقلاش رايونى، دۆلەت ئىچى تېز يوللانما رايونى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا رايونى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدە ئۇلاپ توشۇش مال يىغىش رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى يىجۋاڭ ئاقسۇ باغچە رايونى «كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ

# دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى ھاسىلىي ئېنېرگىيەدە كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن**نىڭ شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى ھاسىلىي ئېنېرگىيە «كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش» ئاقسۇ باغچە رايونىنىڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى يىجۋاڭ ئاقسۇ باغچە رايونىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى بۇنى پۇرسەت بىلىپ، «تۆۋەن كاربونلۇق يېشىل» باغچە رايونىدا ئۈلگە كۆرسىتىپ قوللىنىشنى باشلىغان، يىجۋاڭ ئاقسۇ باغچە رايونىنىڭ «كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى يىجۋاڭ ئاقسۇ باغچە رايونى 2010 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 90 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)